## يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئا: قەلبىنۇر، نېمىشقا شۇنچە خوشالسىز؟

ئە: ئانامدىن تېلېفون كەلدى.

ئا: قانداق، نېمە خۇش خەۋەر بار ئىكەن؟

ئە:

| |
|---|
| ئۆيىمىزنىڭ تۇنجى نەۋرىسى دۇنيا كەپتۇ. |
| سىڭلىم يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ. |
| دادام پېنسىيىگە چىقىپتۇ. |
| ئاكام ماشىنا ھەيدەشكە باشلاپتۇ. |

ئا: ئەمەت، سىز كۆرۈپ بېقىڭ!

ماۋۇ

| | | |
|---|---|---|
| جۈملىنى<br>خەتنى<br>تاپشۇرۇقنى | توغرا | تەھلىل قىلىپتىمەنمۇ<br>يېزىپتىمەنمۇ<br>ئىشلەپتىمەنمۇ |

؟

ئە: ناھايىتى توغرا

| |
|---|
| تەھلىل قىلىپسىز. |
| يېزىپسىز. |
| ئىشلەپسىز. |

II

ئا: ئاكاڭ ئىلخېتىدە نېمە دەپ يېزىپتۇ؟

ئە:

| |
|---|
| «تىرىشىپ ئۆگەنگىن!» |
| «سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىلغىن!» |

دەپ يېزىپتۇ.

①بۇ خەقنىڭ ئىشى كۆنى بويى نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ.

②ناسىرجان خويمۇ ياۋاش، نومۇسچان بالا ئىكەن.

③گويا بۇنىڭ بىلەن نومۇسلۇق ئادەم بولۇپ كۆرۈنمەكچى بولسىڭىز كېرەك.

④باينىڭ ھېسابسىز مال - دۇنيالىرى بولغان بىلەن ئەركە - ناياق ئوغلىنى، ياخشى تەربىيىلىيەلمىگەنىكەن.

⑤«يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان، شۇڭا داۋاملىق ئىشلەپ تۇرۇش كېرەك.

⑥بەزى ساۋاقداشلار ئاتا – ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

⑦باينىڭ ئوغلى يا ھۈنەر ئۆگەنمەي، يا بىلىم ئالماي بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەرلەردە يۈرۈپ نۇرغۇن يىلنى بىكار ئۆتكۈزۈپتۇ.

⑧ھەممە ئىش ئاۋلقىدەكلا تۇرسا، يەنە سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

⑨سۈبھىنى ھەر قاچان ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۆز قىزىمدەك كۆرۈشكە بەل باغلىدىم.

⑩پەرھاتنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن شۇنى بىلدىمكى، ھېلىم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ساۋاقداشلىرى بىلەن سۈركىلىپ جېدەل تېرىيدىغان بىشەم بىرنېمە ئىكەن.



4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ali mektubu dün postaya vermişti.
2) Ben aradığımda yemek yiyorlarmış.
3) Küçükken parka gitmeyi çok severmişim.
4) Patron aradı, saat üçte toplantı yapacakmış.
5) Evrakları götürmeyecekmişsin.
6) Ben Kamil'i  hiç unutmamışım.
7) Bem okumayı 5 yaşında öğrendim.
8) Gülmene bayılıyorum.
9) O kimseyle konuşmayabilir.

5- جۈملە تۈزۈڭ

قۇلاق سالماق، پاناھ تىلىمەك، خار بولماق، جاھاندىن بىغەم، ھېسابسىز

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم بار.

ئوخشاتما كېلىش ياكى تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە بولسا ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ؟

چىدىغۇچىلىك ھالىم قالمىدى.

سىلەر قانائەتلەنگۈدەك سۆزلىيەلمەيمەن.

سىزنى بەك كۆرگىمىز كەلدى، رەسمىڭىزنى ئىلخەت ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىڭ.

**3- «پېئىل مۆلچەر شەكلى + كېرەك»**

مەلۇم بىر ئىش – ھەرىكەتنىڭ پەرەزگە ئاساسەن بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئەھۋالغا قارىغاندا قار ياغسا كېرەك.

ئۇ ئۆيدە يوق، دوختورخانىغا كەتكەن بولسا كېرەك.

كېرەملەر مەيداندا پۇتبول ئوينىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئەتە ئىمتىھان بەرمىسەك كېرەك.

سىز رەسىم سىزىشقا بەك ئامراق بولسىڭىز كېرەك.



ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى «-غۇ»لۇق ئىسىمداشقا ئايلاندۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| نەيرەڭۋازلىق قىلـ - | سايرا - | سىلكە - |
| ئالدا - | غەلبە قازان - | غادايـ - |
| كولدۇرلاتـ - | دەم ئالـ - | سەيلە قىلـ - |
| تىزگىنلە - | تېيىلـ - | سوغۇر - |

2- بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

① ئۇنىڭ ھېسابىسىز ( ) بار ئىكەن.

② مەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاتا – ئانامنىڭ ( ) ئوغلى ئىدىم.

③ چوڭ ئاپام ماڭا ( ) ئۆگەنسەڭ ( ) دەپ نەسىھەت قىلدى.

④ باينىڭ ئوغلى ( ) يەرلەردە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.